# سىلكىنىش

(ھېكايە)

سائادەت ساتتار ئايتۇغ

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# سىلكىنىش

ساڭا بولغان غەزەپ-نەپرىتىم نەلەرگىدۇر يوقالدى. ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر باشتىن ئەسلەپ، بۇ قىسمەتلەرنىڭ سەۋەپچىسى دەل ئۆزۈم ئىكەنلىكىنى مۇشۇ بىر ئاي ئۆيگە بېكىنىپ يېتىپ ئويلىنىش جەريانىدا تولۇق ھېس قىلىپ يەتتىم. ساڭا ھەقىقەتەن بەك كۆپ قەرزدار ئىكەنمەن. شۇنداق تۇرۇغلۇق يەنە تېخى سەندىن رەنجىپ، نەپرەتلىنىپ، ئۆچمەنلىك قىلىپ كەپتىمەن.

شۇنداق بىز كىچىكلىك قىلىپتۇق. ھەرئىككىلىمىزنىڭ تەنتەكلىكى ۋە مىنىڭ ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان جاھىل مىجەزىم ئىككىمىزنى، ئىككىمىز قۇرغان، باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئىللىق ئائىلىمىزنى، بىر جۈپ پەرزەنتىمىزنىڭ شات كۈلكىلىرىنى نابۇت قىپتۇ. ئويلاپ باقسام، تاھازىرغىچە سەن بىلەن بىرەر قېتىم ئازادىچىلىك بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ بىر ئايدا ئىس-تۈتەككە تولغان، سوغۇق، قاراڭغۇ ياتاق ئۆيۈمنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سەن بىلەن خىيالەن مۇڭداشتىم. ئەپسۇس...سەن يېنىمدا بار چاغدا ئالدىڭدا مۇشۇنچىلىك ئولتۇرۇشقا ۋاقىت ئاجراتقان، سېنىڭ ئوي-خىياللىرىڭغا چۆكۈپ مۇڭدىشىپ باققان بولسام قانچىلىك خۇشاللىنار ئىدىڭ-ھە؟! دەل شۇنداق قىلالمىغىنىمنىڭ ئۆزى ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قېلىشىمىزغا سەۋەپ بولدى.

سەن شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەر قانداق بىر ئەركەك زاتى كۆزلىرىڭدە ئېزىلغۇدەك گۈزەل قىز ئىدىڭ. تېقىمىڭغا چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا، توم چاچلىرىڭنىڭ ئۈستىگە بوشقىنە چىگىۋالغان گاز ياغلىقىڭ سېنى بۇ شەھەردىكى نۇرغۇن قىزلاردىن پەرقلىق كۆرسەتتەتتى، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىڭ دىللارنى زەخمەك ئۇرۇپ چىكەتتى. سېنى تۇنجى كۆرگەن چېغىمدىلا ‹‹ مۇشۇ قىزنى ئالالمىسام مەڭگۈ توي قىلمايمەن›› دەپ ئويلىغان ئىدىم. ماڭا يەر تېگىدىن تەبەسسۇم قىلىشلىرىڭدىن ئۈمىدكە تولۇپ ئاپامغا بىشارەت بەردىم. دەرۋەقە ئاتا-ئاناڭ تۇغقاندارچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلدىمۇ، ياكى كېسەلچان ئاپامنىڭ مىڭبىر تەستە ئېغىز ئاچقىنى ئۈچۈن« ياق» دېيەلمىدىمۇ، سېنى مەندەك بىر چەت، تاغلىق كان رايونىدا چوڭ بولغان، مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئۆقيالمىغان قارا ئىشچىغا بېرىشكە قوشۇلۇشتى...

سېنى بۇ يەرگە كۆنەلمەسمىكىن دەپ كۆپ ئەنسىرىگەن بولسامۇ، سېنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە ھەرقانداق مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان ئىرادىلىك بىر قىز ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. سەندە بىر قىسىم شەھەر قىزلىرىغا خاس كىبىرنى تاپقىلى بولمايتى. قاچانلا قارىسا سۈس تەبەسسۇمىڭ بىلەن مېيىقىڭدا كۈلۈپلا تۇراتتىڭ. يېشىڭنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئۆي تۇتۇشلىرىڭ شۇنچە تۆجۈپىلىك ئىدى. ئاتا-ئانامنىڭ ۋە مېنىڭ ھۆرمىتىمنى كۆتكىنىمدىنمۇ بەكرەك قىلاتتىڭ. تۇۋا دەيمەن شۇ چاغلاردا نىملەرنى ئويلار بولغۇيدىمكىنتاڭ، ساڭا ئانچە « ۋاي» دەپ كەتكۈم كەلمەيتتى. ئىچىمدە سېنىڭدەك بىر چىرايلىق قىزنى دوست-دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىچە يۆتكەپ ئەكىلەلىگىنىمدىن، پاك ، ھۆپپىدە ئېچىلغان غۇنچەڭنى ئۆزەلىگىنىمدىن يۈرۈكۈم يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە خۇشال بولسامۇ، بۇ خۇشاللىقىمنى سېنىڭ ئالدىڭدا ئاشكارىلاپ قويۇشنى ئۆزۈمگە قىلىنغان ھاقارەتتەك سېزەتتىم. ئالدىڭدا ھەمىشە ئۆزۈمنى چوڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. قىلۋاتقان ئىشلىرىڭدىن قەستەن ئېۋەن تاپاتتىميۇ، بىرەر قېتىم چىرايلىقچە ھالىڭنى سوراپ قويمايتىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ماڭا ئۇنچىلىك «ھال» نى كىم قويۇپتۇ؟ دەملىگەن قىززىق چېپىيڭنى ئىچكەچ كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرۇپ ؛« مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى ئالغىنىم مېنىڭ بەختىم، سەن ھەقىقەتەن چىرايلىق ئايالسەن...» دېگەندەك راست سۆزلەرنى نىمشقا قىلمىدىم؟ ھېچبولمىغاندا شۇ سۆزلىرىمنىڭ لەززىتىدە تاتلىق كۈلۈپ ياشار ئىدىڭ. جاپالىرىڭ، ئازاپلىرىڭ...ئۇنتۇلار ئىدى ئەمەسمۇ؟ نەچچە قېتىم ئەركىلەپ تۇرۇپ« مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سورىغىنىڭدا، قوپاللىق بىلەن« ماڭە، تايىنى يوق گەپنى قىلماي!» دەپ سىلكىۋەتكىنىم، كۆز يېشى قىلغىنىڭدا بولسا« ياخشى كۆرمىسەم سېنى ئەمرىمگە ئالامتىم؟» دەپ مۇجمەل جاۋاپ بېرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكىنىم؛ ئۆيىنىڭ تۇك يوللىرى بۇزۇلسا، ئوچاق، سۇپىلىرى چۇۋۇلسا، سۇ تۇرۇبىلىرى يېرىلسا،.. بۇلبۇل بولۇپ يالۋۇرۇپ يېلىنساڭمۇ«ئەتە-ئۆگۈن» دەپ ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋېرىشلىرىمنىڭ نەتىجىسىدە سەن ھەممىنى ئۆزۈڭ قىلىدىغان، قىلغاندىمۇ قولى ئەپلىك  ئەرلەردىنمۇ ياخشىراق قىلالايدىغان بولۇپ كەتتىڭ. لېكىن، قىلغانلىرىڭغا ئېرەن قىلىپ قويمايتىم. ئايلىقىمنى ئۆزۈم تۇتاتتىم. مېڭىبىر خىجالەتچىلىك بىلەن ئاران پۇل سورىغىنىڭدا بولسا، خۇددى كىچىك بالىغا ھېيىتلىق بەرگەندەك نەچچە كويىنى پاققىدە تاشلاپ بېرەتتىم. بارغانسىرى بۇ قىلىقىمدىن خورلۇق ھېس قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. كېيىنچە ئۆزۈمنى بىلىپ بەرمىگۈچە سورىمايدىغان، سوراش ئورنىغا « ئازراق كۆكتات، تۇز ئالغاچ كەلسىڭىز بوپتىكەن» دەپلا قويىدىغان بولدۇڭ. مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلسەم، تاماق ئېتەتتىڭ،

بولمســـا چوڭ ئۆيگە بېرىپ تـاماق تەييـارلاپ ئـاتا-ئانامنىڭ قوســـقىنى توقلۇۋېتىپ، ماڭا تاماق ئەكىلىپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىڭىزمۇ كۆپ ئىدى.

ئوغلۇمىز تۇغۇلغـانـدىن كيىن مـاڭـا بۇرۇنقـىدەك ئېرەن قىلىـپ كەتمەيـدىغـان بولـدۇڭ. تـامىقىمنى ئېتـىپ، كيىملىرىمنى يۇيۇپ، دەزمـاللاپ تەييـارلاپ بېرەتتىڭىۇ، بۇرۇنقـىدەك كەيپيـاتىڭنى مىنىـڭ پوزىتسىـــيەمگە بـاغلىۋالمـايـدىغـان، ئولتۇرۇپ-قوپۇشـــلىرىمغا، ئۆيگە كىرىش-كىرمەســـلىكىمگە ئانچە ئېتىۋار بەرمەيدىغان بولـدۇڭ. ئوغلىمىزنى شـــۇنچىلىك ياخشـــى كۆرەتتىڭكى، ئۇنى ھەتتا مەندىمۇ قىزغىناتتىڭ. تويماي-تويماي سۆيەتتىڭ. كېچىلىرىمۇ يەرگە قويغۇڭ كەلمەي تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلىتاتتىڭ.

ئوغلۇمىز ئىككى ياشـــلارغا كىرگەندە ســـاڭا تۇنجى قېتىم قول تەككۈزدۈم. ئۇ كۈنى پەرھاتلار بىلەن مەھەللە دوقمۇشـــىدىكى يېڭى ئېچىلغـان دۇكاننىڭ بىر ئۇســـتەل تۆت ئورۇندۇق قويۇلغان ئايرىمخانىســـىغا كىرىپ ئىچىشـــكەن ئىدۇق. كيىن يۇســـۇپ، ۋەلىلەر كىردى. يېرىم كېچە بولغاندا دۇكان ئىگىســـى بىزنى دۇكانىنى تاقايمەن دەپ قوغلىدى. ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى يوق ئىدى. ۋەلى بىلەن يۇسۇپ تېخى ئۆي ئايرىپ چىقمىغـان، پەرھـاتنىـڭ ئـايـالى ئـانىســـىنىـڭ ئۆيىگە ياماناپ كەتكەچكە ئۇلار ســـەۋەبلىرىنى كۆرســـتىپ بولغىچە«بولـدى، بولـدى يۇرۇڭلار بىزنىـڭ ئۆيگە بېرىـپ ئىچىمىز» دەپ دۇكـانـدىن ھاراق-تاماكىلارنى ئېلىپ ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپلا كەينىڭگە بۇرۇلدۇڭ.« مىھمان كەلدى، سالاملاشمامسەن؟» دىدىممەن ھەيۋەمنى كۆرسىتىپ ۋاقىراپ. سەن ئۇلارغا يىنىك باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كىتىپ يىغلاۋاتقان ئوغلۇمىزنى بەزلەش ئۈچۈن كىرىپ كەتتىڭ. كىرىسلوغا چۆكۈپ ھەرەڭ-سەرەڭ ئولتۇرۇشقان ئاغىنىلىرىم قۇرۇق چاي ئۇستىلىنى ئىشارەت قىلىشىپ بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈشىدى، سېنى ۋاقىراپ توۋلىدىم. يۈگرەپ چىقىپ چاي دەملىدىڭ. كۆكتات ئاقلاۋاتقىنىڭدا بالا يەنە يىغلىدى. ســـەن بالىنى بەزلەش ئۈچۈن كىرىپ كىتىۋاتقانىدا مەن ســـېنى ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللىدىم. پەرھـاتنىـڭ بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ چىرايىنى ســـەت پۈرۈشـــتۈرۈپ «ئـادىشـــوي، قەســـەم ئىچكەنـدەك ئـاچچىق ھـاراقنى قۇرۇق ئىچىۋېرەمدۇق؟» دىيىشى مەستلىكتە كاللامغا بەك تەسىر قىلدى بولغاي، ياتاق ئۆيگە يۈگرەپ كىرىپ، بالىنى پەپىلەپ ياتقان يىرىڭدىنلا چېچىڭدىن سۆرەپ يەرگە چۈشۈرۈپ، قورۇمنى تېز تەييارلىمىغان گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن يىرىڭگە ئۇرۇپ-دەسسەۋەردىم. بالا تېخىمۇ چىقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا پۇتلىرىمغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇشلىرىڭغا نىمىشقا ئازراقمۇ رەھىم كەلمىگەن بولغىيتتى-ھە؟!

ئەتىسى ئويغىنىپلا بېشىمنىڭ ئاغرىقىدا كۆزۈمنى ئاچالماي تۇرۇپ ئاخشامقى ئىشلارنى ئويلىدىم ۋە سېنى كىتىپ قالغانمىدۇ؟ دىگەن ئەندىشىدە يېنىمغا قارىسام سەن يوق، يۈگرەپ ھويلىغا چىقتىم. سەن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سۇ چېچىپ، پاكىزە سۈپۈرۈلگەن ھويلىدا مىنىڭ ئاخشام يانىدۇرۇپ تۆگەشتۈرۈۋەتكەن كىيىملىرىمنى، كىرسىلو، كارۋات كىرلىكلىرىنى يۇيۇۋاتاتتىڭ. «ئۇھ» دەپ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. لېكىن بۇ ئەندىشەمنى ساڭا پەقەتلا چاندۇرمىدىم ۋە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىشقا كەتتىم. شۇنىڭدىن كىيىن بۇنداق ئەھۋاللار پات-پات تەكرارلىنىپ تۇردى. سەن چىدىدىڭ. مەن سىرتتا ئۇچرىغان كىچىككىنە ئازارچىلىق، خىزمەتتىكى ھارغىنلىق، ئىچ پۇشۇقى... ئىشقىلىپ ھەممە دەردىمنى سېنى ساۋاپ ئالدىغانغا ئادەتلىنىۋالغان ئىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام شۇ چاغلاردا شۇ قەدەر يولسىزلىشىپ كەتكەن ئىكەنمەن ماھىرە، ھەتتا يىغلىشىڭغىمۇ پۇرسەت بەرمەيتىم. « ئۆلۈمىمنى تىلەپ يىغلاۋاتامسەن؟ مەن ئۆلگەندە يىغلا!» دەپ ئۈنىڭنىمۇ چىقارغىلى قويمايتىم. ساڭا نەدىن كەلگەن چىدام-غەيرەت، ئىتائەتمەنلىك بولغىيدى- ئۇ؟!

ئىككىنجى پەرزەنتىمىز-قىزىمىز تۇغۇلۇپ قىرقى توشمايلا ئانامنى ئۇ ئالەمگە ئۇزۇتۇپ قويدۇق. مانا ئەمدى ئىككى ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ساڭا يۈكلەندى. دادامنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتىڭ. ئۇچىسىنى كىر، قوسىقىنى ئاچ قويمايتىڭ. چوڭ ئۆيلەرنىمۇ ئانام بار چاغدىكىدەك پاكىز-رەتلىك تۇتاتتىڭ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بۇ ئۆيگە كەلسەڭ، يەنە تېخى ئارا كۆندە بىر ئاغىنىلىرىمنى باشلاپ كىلىپ ساڭا ئارامچىلىق بەرمەيتىم. باللارنىڭ ئىككىلىسى كىچىك، سەن بولساڭ يېڭى تۇغۇتلۇق. چىرايلىرىڭنىڭ سارغىيىپ، يۈزلىرىڭنى ھارغىنلىق، مىسكىنلىك قاپلاپ كەتكىنىنى بايقاپ تۇرسامۇ « ھەممە ئايال قىلىدىغان ئىشلارغۇ بۇ» دەپ ئانچە ئېرەن قىلمايتىم. داداڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا مەندىن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ رۇخسەت ئېلىپ داداڭغا نەچچە كۈن قاراشقا كەتتىڭ.ئۈچىنجى كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيۈڭلارغا بىرىپ سېنىڭ«ئۆتتۈنۈپ قالاي تاھىر دادامنىڭ ئەھۋالىنى سىزمۇ كۆردىڭىز نەچچە كۈن بېقىۋالاي...»دېگىنىڭگە قارىماي ئۆكتەملىك قىلىپ:« تۇرساڭ بىراقلا كەتمەسكە تۇر» دەپ تەھدىت سېلىپ يۈرۈپ يانىدۇرۇپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە داداڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى....

داداڭنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەن كۈنى كەچتە سېنى قايتۇرۇپ كەلگىلى مەست ھالەتتە بېرىشىم ئاپاڭغا بەكلا ھار كەلدى بولغاي سېنىڭ قايتىشىڭغا قۇشۇلمىدى. سەن ئۇنى مىڭبىر جاپادا قايىل قىلىپ ئونىنەچچە كۈندە قايتىپ كەلگەن بولساڭمۇ ئاناڭ ماڭا تۆگەپ كەتكۈچە تۈزۈك گەپ قىلمىغان ئىدى....

باللارمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. ئوغلىمىز تۇلۇق ئوتتۇرىدا، قىزىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە، مەن خىزمەتنى تاشلاپ پەرھات بىلەن بىرلىشىپ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى قېزىش كىنىشكىسى بېجىرىپ تاغدىن چاكاندا چاپتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ سېتىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا خېلى كۆپ پۇللۇق بولۇپ قالدىم. قول ئاستىمدا چاكاندا چاپىدىغان، جىگدىلايدىغان، ئۆلچەيدىغان، يۈكلەرنى توشۇيدىغان ئادەملىرىم خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە كۈنبويى يەپ-ئىچىپ كېرىلىپ يۈردۈم. ئەتراپىمدا دوستلىرىممۇ كۆپەيدى. بارىدىغان سورۇنلىرىممۇ كۆپەيدى. مەن ئۇچۇن ھازىرلانغان«رەڭلىك سورۇن»لارنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغىنىمدا ئەس-ھوشۇمدىن سەن ۋە باللار پۈتۈنلەي چىقىپ كەتەتتى.

ساڭا سالغان زۇلمىم تۈپەيلى تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپلا تېز سۇرئەتتە سولىشىپ، قېرىپ كېتىۋاتاتتىڭ. سورۇنلاردا ئۇچراتقان ۋە پىنھانلاردا كۆرۈشۈپ يۈرگەن قىزلارنىڭ تاتلىق سۆزلىرى ۋە ئەركىلەشلىرىنى سەندىن تېپىش مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا بارغانسىرى سېنى ماڭا ماس كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. سەن بىلەن بىرگە كوچىلارغا چىققۇممۇ كەلمەيدىغان. بىرەر ۋاق تاماقنى بىرگە يېگۈم، ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇممۇ كەلمەيتى. سەن ئۆن-تىنسىز ئۆي، باللا ۋە مەن ئۈچۈن پەرۋانە بولاتتىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنىمە تەلەپ قىلمايتىڭ. بۇ كۈنلەردىكى ئالدىراشچىلىقىمنىڭ ساڭا بولغان پايدىسى- سېنى ساۋاشقىمۇ ۋاقتىم چىقماس ۋە خۇشياقماس بولۇپ قالغان ئىدى.

كېيىنچە باشقا شەھەردە تونۇشۇپ قالغان بىر قىزنى « دورا زاۋۇتىنىڭ تەكشۈرۈپ، بېكىتكۈچىسى، بىز ئاپارغان چاكاندىلار مۇشۇ قىزنىڭ ياردىمى بىلەن بىرىنچى ياكى ئىككىنچى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. بۇ قېتىم يايلاق سۈپىتىنى تەكشۈرگىلى كەلدى. ياخشى كۈت» دەپ ئۆيگە باشلاپ كىلىپ ھەپتە تۇرغۇزساممۇ ئۈندىمىگەن ئىدىڭ. بىلمەن سەن ئۇنچە دۆت ئاياللاردىن ئەمەس. ھەممىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ تاياقتىن ۋە چوڭ بولۇپ قالغان باللارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرۇشدىن ئەنسىرەپ ئىچىڭگە يۇتاتتىڭ. ئۆزۈڭنى ۋە مېنى ئايايتىڭ.

ئۇچۇشۇمنى بىلىپ، چۈشۈمنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۆرىيە بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ سەندىن ساق ئون ياش كىچىك، چىرايلىق، شوخ قىز ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن نەچچە ئاي تارتىشىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا مېھرىم چۈشۈپ، كۆنۈپ قالدىم. ئاخىرى ئۇ تۇرۇشلۇق چوڭ شەھەردىن ئۆيىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە نىكاھلىتىۋالدىم. ئۇنىڭ خۇلقى-نازى قانچە كۈچلۈك بولسا تەلۋىمۇ شۇنچە يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ئاۋات سودا سارايلارنىڭ بىرىدىن كىيىم-كېچەك دۇكىنىمۇ ئېلىپ بەردىم. ئۆزۈممۇ ھەپتە-ھەپتىلەپ

ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش پەيزىنى سۈرۈپ ئۆيگە قايتمايتتىم. ئۇنىڭ بەزى مىجەزلىرى، ياسىنىش، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى كۆزۈمگە سىغمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتسىمۇ نىمىشقىكىن ئۇنىڭدىن يەنىلا مېھرىمنى ئۈزۈپ، ۋاز كېچەلمەيتتىم.ئۇ خۇددى ناھايىتى ئاچچىق قىزىلمۇچقا ئوخشاش ئادەم يىگەنسىرى ئىغىزنى ئىچىشتۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ خۇمارىدىن ۋاز كەچمەك مۈشكۈل ئىدى.

سودىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئاساسەن دىگۈدەك پەرھات پۈتكۈزەتتى.

«شامال ئۆتتۈشمەيدىغان تام يوق، يىشىلمەيدىغان سىر» دىگەندەك، بۇ ئىشلىرىمىز ئۇ يەر- بۇيەردە مىش-مىش گەپ بولۇپ ئاخىرى قۇلىقىڭغا يەتكەن ئىدى. « ئالسىڭىزمۇ مىنىڭ سەمىمگە سىلىپ قويۇۋپراق ئالسىڭىز خەقتىن ئاڭلىغىنىمدىن ياخشى ئىدى» دىدىڭ تۇنجى قېتىم ماڭا تىك بېقىپ قاراپ،زەردە بىلەن. « ماڭا ئىشەنمەي خەقنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن بولساڭ خېتىڭنى ئېلىپ بېرىپ خەق بىلەن ئۆي تۇت!كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ بېشىڭغا چەينەكنى ئاتتىم. پىشانەڭنى بوياپ ئاققان قان يۈز-كۆزلىرىڭ ۋە كىيىم -كېچەكلىرىڭنى بوياپ، پاقالچەكلىرىڭگە چۈشكەندە سەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان غەزەپلىك كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدىڭ. بۇ قارىشىڭ شۈنچىلىك ئۆتكۈر ئىدىكى كۆزلىرىڭگە قان تولۇپ كەتكەن ئىدى.

- مەن خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بولغان. لېكىن بۈگۈن ئاشۇ سۈرىيە ئاتلىق ئالۋاستىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقتا باھانە تاپالمىدىم!،-دىيىشىڭدىن بىلدىمكى سۈرىيە ساڭا تېلىفۇن قىلىپ ھەممە ئىشنى ئاشكارىلىۋەتكەن ئىدى.

سەن كەتتىڭ! بۇ تاغلىق مەھەللىنى قۇيۇق تۇمان قاپلىغان بىر سەھەردە قىزىمنى ئېلىپ بۇ ئائىلە بىلەن ئۈنسىز خوشلىشىپ كېتىپ قالدىڭ. ھەممە قارا قىسمەت سېنىڭ كېتىشىڭ بىلەن باشلاندى. ئىغىر بېسىق، ئىچ مىجەز دادام ئىغىر خۇرسىنىپلا ئولتۇرىدىغان، ماڭا چىراي ئاچمايدىغان بولىۋالدى. بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا تەمشەلگەن، قىز بالىدەك يۈزى تۆۋەن، ئىغىر-بېسىق چوڭ بولىۋاتقان ئوغلۇم تۇنجى قېتىم ماڭا چىش يىرىپ « سەندەك دادىدىن تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. سېنى ھامان ئانامنىڭ قىساسى تۇتىدۇ. بۇ ئۆيدىن دوزاق ياخشى!» دىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئايدىن كىيىن بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە سولانغانلىق خەۋىرى كەلدى. ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى تېخىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن دادام بىرەر ھەپتە يېتىپلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆينىڭ تۆر تېمىغا ئېسىلغان رامكىغا ئېلىنغان سۈرەتنى ماڭا شەرەت ئارقىلىق ئەكەلدۈرۈپ، ئانامنىڭ ۋە سېنىڭ سۈرىتىڭگە

ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا قارىدى ۋە تىترەپ تۇرغان جانسىز بارماقلىرى بىلەن سىلىدى... شۇنداق قىلىپ بىچارە دادامنىڭ ئارمان بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. دادامنىڭ نەزىرلىرىنى بېرىپ بولۇپ، بۇ ئۆيدىن خوشلىشىپ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمنى سۈرىيە بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتقان ئۆيۈمگە ئۇنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتىش ئۈچۈن كەلگەن كۈنى، ئىشىكتىن كىرىپلا قاڭسىق ھاراق ھىدى ۋە تاماكا پۇرىقىنى پۇرىدىم. شۇ چاغدا سۈرىيەنى بىزنىڭ كارىۋىتىمىزدا، يات بىر ئەرنىڭ قوينىدا كۆردۈم...

كېيىن بىز سوتتا چۇشتۇق. سۈرىيە سوتتا ھەممىدىن تېنىۋالغىنى، ئۇ ئەرنى يۇرگىنى، مىنى بولسا تۇنمايدىغانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە يالغاننى  توقۇپ، ئىسپاتلارنى كۆرسەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنى شۇ كۈنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغىنىم ئۈچۈن بىرمۇنچە تۆلەم تۆلىدىم. پۇلغۇ مەيلى بۇ رىئاللىق ماڭا بەك ھار كەلدى. ئۇنىڭ مىنۇت ئىچىدە ئۆزگەرگەن يۈزسىزلىكىدىن قانچىلىك نەپرەتلەنگەن بولسام، ئۆي ۋە دۇكاننى ئۇنىڭ نامىدا ئېلىپ بەرگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى نەچچىنى كاچاتلىدىم.

مېنە ئىشىمغىمۇ ئويلىمىغان يەردىن چىچەك چىقتى. مەملىكەت بويىچە ئوتلاق قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھەر قانداق شەخس ۋە ئورۇنلارنىڭ يايلاق ئېچىشى ۋە ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى خالىغانچە چېپىشى چەكلەندى. سودىمىز توختىدى.

قارىمامسەن ماھىرە، ئادەمگە كەلگۈلۈك كەلسە مانا مۇشۇنداق ئارقا-ئارقىدىن يۇپۇرۇلۇپ كىلىدىكەن. ۋادەرىخ! دەرتلىرىمنى تىڭشىغۇدەك بىرەر قېرىندىشىم، سىردىشىم بولسىچۇ كاشكى؟! بۇ دۇنيالىقتا مىنىڭ يىغامغا چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ يىغلىشىدىغان ئايال ئانامدىن قالسا سەنلا ئىكەنسەن. ئەپسۇس، ھازىر ئىككىلەڭلەر مىنى تاشلاپ كەتتىڭلار. ياق، سەن كەتكەن ئەمەس، مەن سېنى قوغلىۋەتكەن.سېنى رەھىمسىزلارچە ھاياتىمدىن، بۇ ئۆيدىن، ئەسلىدىكى ماھىرەلىكتىن بىراقلا قوغلىۋەتكەن قارا يۈز قاتىل پەقەتلا مەن!

مانا شۇ كۈنلەردە سېنىڭ، ئىللىق ئائىلىمىزنىڭ قەدرى ئۆتتۈلدى. سېنى ۋە قىزىمنى سېغىنىپ، سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدىم. نەتىجە مىنىڭ كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە چىقتى. خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلەر سېنىڭ بىر تۇركۈم ناتوغرا يولدىكى كىشىلەر بىلەن بېرىش-كىلىش قىلىۋاتقىنىڭنى، توغرا بولمىغان يوللاردا سودا قىلىپ پۇل تېپىۋاتقىنىڭنى، بازارنىڭ ئاۋات يېرىدىن ئۆي سېتىۋالغان بولۇپ، قىزىمىزنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتىۋاتقىنىڭنى ئېيتىشتى. ئۇنىڭسىز مەنمۇ نەچچە رەت تۇنۇش-بىلىش، دوستلىرىمنىڭ ئاغزىدىن سېنىڭ يامان تەرىپىڭنى

ئاڭلىغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇلارغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيتى. خىيال ئەينەكلىرىمدە سەن يەنىلا بۇرۇنقى ئاددى-ساددا، يۈزى تۈۋەن، ھايالىق ماھىرە سۈپىتىدە نامايەن بولاتتىڭ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سېنى شەھەر سىرتىدىكى ئارامگاھتا ئۇچرىتىپ قالدىم.سېنى كۆزلىرىڭدىن تونىغۇالمىغان بولسام تونىماي ئۆتۈپ كىتەركەنمەن. ساپسېرىق بويىغۇالغان چاچلىرىڭدىن، كىيىۋالغان يېرىم يالىڭاچ كىيىملىرىڭدىن، يېنىڭدىكى پۈتۈن يۈزىنى ساقال-بۇرۇت بېسىپ كەتكەن،پىشانىسىنى كىسىپ ئۆتكەن يىرگىنىشلىك تارتۇقى كىنولاردىكى قاراقچىلارنى ئەسلىتىدىغان، دىۋە سۈپەت، سېمىز ئەرگە قويۇۋەتسەڭلا يىقىلىپ چۈشكۈدەك مەست ھالاتتە ئېسىلىۋالغىنىڭدىن سەسكىنىپ كەتتىم. سەن مىنى كۆردۈڭ، لېكىن قىلچە خىجىللىق ھىس قىلمىدىڭ، ئەكسىچە غالىپلارچە-خەق تاپقان پۇلنى بىزمۇ تاپالايمىز.پۇل تاپقانلار نوچىغۇ بۇ زاماندا...دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتىڭ. شۇ چاغدا بىر تەرەپتىن سېنىڭ بۇ ھالىڭغا غەزىپىم كەلگەن، سەسكەنگەن بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ھسسداشلىقىم كىلىپ، ئېچىنىپمۇ قالدىم.

ئەركىشىنىڭ قىلمىشلىرى ھەرقانچە ئېشىپ كەتسىمۇ كىشىلەر ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيدىكەن، لېكىن، بىر ئايالنىڭ يولدىن چىقىشىنى ھېچكىم قۇبۇل قىلالمايدىكەن. سېنى شۇنچە يىل ھۆرمەتلەپ، قايىل بولۇپ كەلگەن خوشنا-خولۇملارمۇ كىينچە ماڭا ھسداشلىق قىلىدىغان، سېنى تىللاپ يۈرىدىغان،بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا مىش-مىش گەپلەرنى قىلىشىپ‹‹توۋا ئادەم ئۆزگىرەي دىسە بىردەملىككەن›› دىيىشىپ ياقا تۇتۇشىدىغان بولۇشتى. بۇ ھاللار مىنىڭ قانچە قېتىم سېنىڭ ئالدىڭغا بېرىپ سېنى كەچۈرۈپ، قايتۇرۇپ كىلىش نىيىتىمنى توساپ قويدى. ئەينى يىللىرى ئۆزىنى يوقاتقان ئاشۇ ئاتالمىش غورۇرۇم شۇ كۈنلەردە ئويغىنىپ كەتكىنىگە ھازىر ئويلىسام ھەيرانمەن.

ئوغلۇم ئۈچ يىلدىن كىيىن تۇرمىدىن چىقتى. لېكىن ئۇنى ئالغىلى بارغىنىمدا ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي باشقا ياققا كەتتى. كىيىن ئۇ تاغقا قايتىپ كىلىپ كۆمۈر كاندا ئىشلەپتۇ. ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇش ئۈستىكىدە مەنمۇ بىرمۇنچە يول مېڭىپ، پۇل خەجلەپ يۈرۈپ بۇرۇنقى ئىدارەمگە قايتىپ كىلىۋالدىم.

جاھاننىڭ ئىشلىرى يەنىلا ئۆز نۆۋىتىدە كىتىۋېرىدىكەن. لېكىن پارچىلانغان ئائىلىنىڭ ئورنىنى ھېچنىمە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدىكەن.

.ئوغلۇمغا قاراشقا يۈزۈم بولمىسىمۇ، باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتىم. ئۇ ئىشلىگەندىن سىرتقى ۋاقىتتا كاندىن بەرگەن ياتىقىدىن چىقماي ھاراق ئىچىدىكەن....

جاھاننىڭ ئىشلىرى يەنىلا ئۆز نۆۋىتىدە كېتىۋېرىدىكەن. لېكىن ۋەيران بولغان ئائىلىنىڭ بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش بەسى مۈشكۈل ئىكەن.

ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگىنىمدە ئالدىمغا داستىخېنىڭنى سېلىپ، قىززىق چاي، ئىسسىق تاماقلارنى ئەكىلىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان سەن يوق. چىرايلىق سالام قىلىپ كىرىپ قېشىمدا ئولتۇرىدىغان، ئادەم قارىغانسېرى مەسىلىكى كەلگۈدەك چوڭ بولىۋاتقان ئوغلۇمنىڭ ھازىر ماڭا قاراشقىمۇ كۆزى يوق. ساقاللىق يۈزلىرىمگە سۈيۈپ، ئەركىلەپ قۇچىقىمغا چىقىپ ئولتۇرىدىغان قىزىمنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنى بۇ غېرىپلىق تۈكۈلۈپ تۇرغان ئۆيدىن تاپقىلى بولمايدۇ.  سىلەر يوق بولغاچقا، ئابرويۇممۇ يوقاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ بەزىدە. دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ئۇلارنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرى، توختىماي بالىلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، سۆيۈنۈش بىلەن سۆزلەپ كېتىشلىرى خۇددى ماڭا ئەتەي كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك ھار كېلىدۇ. ئىچىمنى تۇمەنمىڭ قۇرۇت غاجاۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىمەن. بارغانسېرى ئادەم كۆپ جايلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان، يالغۇز ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان، ئىچكەنسېرى يىغلا تۇتىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇرۇن ھاراق ئىچكەن كۈنۈم مەن قوپقۇچە « زەھەر قايتۇرۇپ،جىگىرىڭىزنى تازىلايدۇ» دەپ بىر ئىستاكان ھەسەل سۈيىنى ماڭا سۇناتتىڭ. ئاچچىق-چۈچۈك سۈيغاش ئىتىپ مەسلىكمنى يېشىپ، ئىشقا يولغا سالاتتىڭ. مانا ھازىر يېنىمدا ماڭا كۆڭۈل بولگۈدەك ھېچكىشىم يوق.بارغانسېرى ئۈمىتسىزلىك، چۈشكۈنلۈك مېنى قوينىغا ئالدى. ھېچنىمە مېنىڭ دىققىتىمنى تارتالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئەھمىيەتسىز، مەززىسىز تۇيۇلىدۇ. يېقىندىن بېرى « يالغۇز ئۆيدە ئۆلۈپ قالسام باشقىلار مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى بايقىغۇچە سېسىپ كېتەرمەنمۇ» دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. سېنىڭ قانچىلىك ئاقكۆڭۈل، مېھرىبانلىقىڭ، ئەپۇچانلىقىڭ ماڭا ئايان. ئاخىرى ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ سېنى قايتۇرۇپ كېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولۇممۇ قالمىغان ئىدى. سېنى، قىزىمنى، ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ كېلەلىگىنىمدىلا بۇ غېرىپلىقنىڭ، ۋىجدان ئازابىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلىمەن. مەيلى كىشىلەر نىمە دىسە دىسۇن مەن ئۆزۈمنىڭ يوقاتقانلىرىنى بىر-بىرلەپ قايتۇرۇپ كېلىمەن. سەن يەنىلا مېنىڭ مېھرىبان ئايالىم. بالىلىرىمنىڭ غەمگۇزار ئانىسى. بەلكىم سەنمۇ بىر كۈنلىرى مېنىڭ گۇناھىمنى تونۇپ ئالدىڭغا كېلىشىمنى كۈتىۋاتقانسەن.بەزى يوللاردا ئۆزۈڭ خالىمساڭمۇ ماڭا قېيىداپ مېڭىپ قالغانسەن. بىلىمەن سەنمۇ ھەقىقى بىر ئائىلىنى، ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ غىزالىنىشنىڭ تاتلىق دەملىرىنى سېغىندىڭ!

مەن ئەرلىك مەسئۇلىيەت ۋە دادىلىق مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتتىم. نىكاھقا، تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسام تەقدىرمۇ ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئاللاھنىڭ بەرگەن نىئمەتلىرىنى قەدىرلىمىگەن ئىكەنمەن. ئۇلارمۇ بىر-بىرلەپ مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ. ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قېتىم گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىشنى ئاللاھتىن ئۆتۈندۈم ۋە بىر ئاي ئىلگىرى قەتئىي نىيەت بىلەن يىللىق دەم ئېلىشىمنى ئېلىپ سېنى ئىزدەپ باردىم. شۇنچە ئىزدەپمۇ دېرىكىڭنى ئالالمىدىم، قوشنا-خولۇملىرىڭ ماڭا غەلىتە بىر خىل ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراشتى. ھەممەيلەن سەن توغرىلىق ھېچنېمە دېيىشنى خالىمىغاندەك باش لىڭشىتىشتى. ئارقامغا يېنىپ مېڭىشىمغا بىرسىنىڭ« بالام سىز ماھىرەنىڭ نىمىسى؟» دېگىنى ئاڭلاندى كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر مومايكەن.« ھە مەن ئۇنىڭ تۇغقىنى ئىدىم، سىلى ئۇنى تونۇمىلا؟» دېدىممەن «ھەئە بالام مەن ئۇنى تونۇيمەن لېكىن بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ بىرەر ئۇرۇغ-تۇغقىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇ ياخشى ئايال بالام، مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەندىن بېرى ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىپ، كەم-كۈتەمنى تەل قىلىپ بېرەتتى. ئانا-بالىدەك ئۆتكەن ئىدۇق.بىر يەرگە بارماقچى بولسا ماڭا نەگە بارىدىغىنىنى، قاچانلاردا قايتىپ كېلىدىغىنىنى ئېيتىپ قوياتتى. لېكىن، بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا سودا ئىشى بىلەن ئىچكىرىدىكى بىر چوڭ شەھەرگە بارىدىغىنىنى، بىر ھەپتىگە قالماي قايتىپ كېلىدىغىنىنى ئېيتىپ يوقاپ كەتكەنچە ھازىرغىچە كەلمىدى.نەچچە كۈن بولدى مەھەللە دوقمۇشىدا ئولتۇرىدىغان خوتۇنلارنىڭ ئاغزىدىن ساپلا ئۇنىڭ مىش-مىش خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سۇ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بولسا ئۇنىڭ بىر دېرىكىنى قىلىپ باقسىڭىز بالام ئادەم قېرىغاندا يا قوپۇپلا بىر يەرلەرگە بارغىلى بولمىغان....» دەپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.« ئۇلار ئۇنىڭ قانداق خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ؟ نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىدىم مەن جىددىيلىشىپ. «بىرسى تۇرمىدىكەن دەيدۇ، بىرسى ئىچكىرىدە زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەپ تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ... يەنە بىرلىرى ئىچكىرىدە باشقىلار قەستلەپ ئالتىنجى قەۋەتنىڭ دەرىزىسىدىن تاشلىۋېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ» دېدى. بۇ گەپلەردىن يۈرىكىم ئەنسىز سوققان بولسىمۇ ھېچ ئىشەنمىدىم. قىزىمنى ئىزدەپ مەكتىۋىگە باردىم. ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىگە بىر ئايلا ۋاقىت قالغانىكەن. لېكىن ئۇ مەكتەپكە كەلمىگىلى ئۇننەچچە كۈن بوپتۇ. قىزىمنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ سالام-سائەتسىزلا قوپال تەلەپپۇزدا« بىزنى ئىزدەپ يۈرۈپتىكەنسەن...ئاپام تۈگەپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسىدىنى تۇڭگانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدىم. ئەمدى مېنى ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئۆلسەممۇ

**ئاپامغا ئوخشاش ئۆلكىم مۇشۇ كىشىنىڭ يۇرتىدا قالسا قالىدۇكى، بۇ نام، بۇ ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۇرتقا قايتمايمەن!››دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇ تېلېفون قىلغان نومىرىغا قايتۇرۇپ تېلېفون قىلىۋىدىم، يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ چەت ناھىيەسىدىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسى بولۇپ چىقتى...**

ئەسەر مەنبەسى: **(ئاقسۇ ئەدەبىياتى)** ژورنىلىنىڭ ***2013***-يىللىق ***3***-سانىدىن ئېلىندى.

ياڭخىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: ياڭخىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.net        www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net        admin@yanghin.net